# يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ مۇساپىدە جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيلى

## — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 71 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

خەلق گېزىتى
باش ماقالىسى

ئالتۇن كۈزدىكى جۇڭگو زېمىنى مول ھوسۇل شادلىقىغا چۆمدى. يۇقۇمغا قارشى جەڭ قىلىش، كەلكۈن بىلەن كۈرەش قىلىش، كىرىزىسنى تۈگىتىش، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش، بىر قاتار ئاجايىپ ئۇلۇغ كۈرەشلەر داۋامىدا، بىز خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 71 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىنى كۈتۈۋالدۇق. بوران - چاپقۇننىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈرۈپ، يېڭى جۇڭگو يېڭى ۋاقىت تۈگۈنىدە تۇردى؛ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن، يۈز مىليونلىغان خەلق يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ مۇساپىدە مەردانە ئىلگىرىلىدى.

تارىخنىڭ ئېقىنى توختىماي ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ، بەزىدە تىنچلانسا، بەزىدە مەۋج ئۇرىدۇ، قەھرىمان جۇڭگو خەلقى بوران - چاپقۇندىن قورقمايدۇ، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلاردىن قورقمايدۇ. بۇ يىلدىن بۇيان، كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ۋە مىسلىسىز خىرىس ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۈچلۈك رەھبەرلىك قىلىپ، دانا تەدبىر بەلگىلەپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈردى، ئۆزگىرىش داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت ياراتتى، دۆلىتىمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ قەدىمى پۇختا، تېز ھەم سىلىق بولدى، «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پات ئارىدا تاماملىنىدۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ غەلىبىسى مۇقەررەر قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسىدىن ئۈمىد بار. بولۇپمۇ تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، يۈز مىليونلىغان خەلق بىر مەيدان كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش زور جېڭىنى ئېلىپ بېرىپ، بىر مەيدان مىسلىسىز جاپالىق تارىخىي چوڭ سىناقنى باشتىن كەچۈرۈپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ كېسەل بىلەن كۈرەش قىلىش تارىخىدا يەنە بىر باتۇرانە ئۇلۇغ ئىشنى يارىتىپ، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، پۈتۈن مەملىكەت بىر نىيەتتە بولۇش، پىداكارلىق كۆرسىتىش، ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىش، تەقدىرداش بولۇشتەك يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى تاۋلىدى. دۆلىتىمىز يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان بىرىنچى بولۇپ ئېشىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئاساسىي ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ھەممىسىدە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا مېڭىپ، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئاجايىپ ئۈنۈم ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى. جۇڭگو خەلقى كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان قورقماس جاسارىتى ئارقىلىق، جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلارنى يەنە بىر قېتىم يېڭىپ، تارىختا شانلىق سەھىپە قالدۇردى. بىز ئۇلۇغ خەلق جۇمھۇرىيىتىمىزگە ھۆرمەت بىلدۈرىمىز، ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقىگە ھۆرمەت بىلدۈرىمىز!

ۋاقىت ئىستىرېلكىسى تارىخ كوردىناتىنى بەلگە قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۆتمۈشنى ئەسلىسەك، سانسىزلىغان مەردانە ئالغا ئىلگىرىلەشلەر، سانسىزلىغان رېئاللىققا ئايلانغان ئارزۇلارغا يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ كوللېكتىپ خاتىرىسى يۇغۇرۇلۇپ، يېڭى جۇڭگونىڭ شانلىق تارىخ بېتىگە يېزىلغان؛ بۈگۈنگە نەزەر سالساق، بىز يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە نۇرغۇن ئۇلۇغ كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىقى غەلىبىنىڭ كاپالىتى. ئۇزاق مۇددەت بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسىگە تارىخىي خاراكتېرلىك خاتىمە بېرىلىدۇ، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى «پۇقرالار بەك جاپا - مۇشەققەت چەكتى، خاتىرجەملىككە ئېرىشىدىغان چاغ كەلدى» دېگەن گۈزەل ئىستەك رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. بۇ، تىز پۈكمەي، ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلىشنىڭ مېۋىسى، شۇنداقلا يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىپ، يەلكەننى چىقىرىپ قايتا يولغا چىقىشنىڭ سەپەرۋەرلىكىدۇر. بىز شۇنى چوڭقۇر بىلىمىزكى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ نىشانغا قانچە يېقىنلاشقانسېرى، سەپەر شۇنچە ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ، خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا ھەتتا دەھشەتلىك دولقۇنغا تولغان بولىدۇ. «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، بىز دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى چوڭ ۋەزىيەتنى دىيالېكتىك تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، ئىككى چوڭ ۋەزىيەتنى قەلبكە پۈكۈپ، پۇرسەت ئېڭى ۋە خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تەرەققىيات ياخشى ۋەزىيىتىنى قەدىرلەپ، ئالغا ئىلگىرىلەش ياخشى ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، شامالغا قارشى كېمە ھەيدەشكە جۈرئەت قىلىپ، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ مۇساپىدە توسالغۇلارنى سۆپۈرۈپ تاشلاپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، بىزنىڭ ئىشەنچىمىز بار، ئەمەلىي كۈچىمىز بار. ھەممە ئىشنى قايتىدىن باشلاشتىن دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇشقىچە، ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 71 يىلدىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بىز يۈز مىليونلىغان خەلققە يېقىندىن تايىنىپ، مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى بىر - بىرلەپ مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇرۇپ، دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىش مۆجىزىسى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇش مۆجىزىسىنى ياراتتۇق. بۈگۈنكى جۇڭگو مۇستەھكەم ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى تۇپلىدى، بۇ، دەھشەتلىك دولقۇنغا تەمكىن تاقابىل تۇرۇشتىكى چوڭقۇر ئىشەنچ؛ روشەن تۈزۈم ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولدى، بۇ، خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇشتىكى تۈپ كاپالەت. «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدۇ، گەرچە تاشقى مۇھىتتا چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش، ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئاساسىي تەرىپى ئۆزگەرمىدى، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى تولۇق، ئېلاستىكلىقى زور، ھاياتىي كۈچى كۈچلۈك، ئايلىنىپ ئەسلىگە كېلىش بوشلۇقى كەڭ، سىياسەت قورالى كۆپ بولۇشتەك ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئۆزگەرمىدى، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئىگە بولغان كۆپ تەرەپلىك ئەۋزەللىك ۋە شارائىت ئۆزگەرمىدى. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا، ۋەزىيەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى ئىگىلەپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات ۋە خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر بولغان تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرساق، بىز چوقۇم بارلىق قىيىنچىلىق، توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز، كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

كەلگۈسىگە يۈزلەنگەندە، بىزنىڭ ئىرادىمىز بار، ئىشەنچىمىز بار. قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش جاسارەتكە باغلىق، ئېگىز تاغلارنىڭ ھەيۋىتى چوققىسىغا باغلىق. 2021 - يىلى، پارتىيەمىز پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋالىدۇ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىرادە تىكلىگەن بۇ 100 يىل دەل غەيرەت - شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، جاسارەتكە تولغان. شىكۇمېندىن تيەنئەنمېنغىچە، شىڭيې يولىدىن فۇشىڭ يولىغىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى «خەلقنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش» ئېتىقادىدىن باشتىن - ئاخىر ئېغىشمىدى، قىلچە تەۋرەنمىدى، «جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش» ئەسلىي مەقسىتى ئۈيۈل تاشتەك چىڭ بولۇپ، ئەزەلدىن ئۆزگەرمىدى. كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغاندا قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى، دۆلەت خەۋپتە قالغاندا قان كېچىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى، نامرات، قالاق مەزگىلدە جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلىدى، دەۋر تەرەققىي قىلغاندا دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىدى... پارتىيەمىز ۋە خەلق مىڭلىغان قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈش داۋامىدا، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، كۆرمىگەن مۇشەققەتلەردىمۇ قەتئىي بوشاشمىدى، قەيسەرانە تىز پۈكمەس ئىرادە ۋە قەتئىي بوشاشمايدىغان چىدامچانلىققا ئىگە بولۇپ، دادىللىق بىلەن بارلىق قىيىنچىلىقلارنى بېسىپ چۈشتى، شۇنداقلا ھەرقانداق قىيىنچىلىققا باش ئەگمىدى. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەممىدە خەلقنى كۆزلەپ، خەلققە يېقىندىن تايىنىپ، قانچە جاپالىق، خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەش روھى ئارقىلىق باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلغاندىلا، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلغاندىلا، بىز چوقۇم يېڭى تارىخىي ئۇلۇغ ئىشلارنى يارىتالايمىز.

تاغ ھەرقانچە ئېگىز بولسىمۇ، يۇقىرىغا ياماشساقلا، ھامان چوققىسىغا چىقالايمىز؛ يول ھەرقانچە ئۇزۇن بولسىمۇ، ماڭساقلا چوقۇم مەنزىلگە يېتەلەيمىز. بۈگۈنكى كۈندە، بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانىغا تارىختىكى ھەرقانداق مەزگىلدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇق، ئىشەنچ ۋە ئىقتىدارغا تېخىمۇ ئىگە بولدۇق. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىنى بويلاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش نىشانىغا قاراپ باتۇرانە ئىلگىرىلەپ، گۈزەل تۇرمۇشنى ئۈزلۈكسىز يارىتالايلى. جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ھەرقانداق كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 - بەتتە)

كۈتۈۋېلىش يىغىنى باشلاندى. ھەربىي ئوركېستىر «پىدائىيلار مارشى»نى ئورۇنلىدى، پۈتۈن مەيداندىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا دۆلەت شېئىرىنى ئېيتتى. گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ تەبرىك سۆزى قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى؛ شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلارغا سەممىي سالام يوللىدى؛ جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن، قوللىغان خەلقئارادىكى دوستلارغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى.

لى كېچياڭ مۇنداق دېدى: يېڭى جۇڭگونىڭ 71 يىللىق تەرەققىيات تارىخى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگو خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلىگەن كۈرەش تارىخى، دۆلەت قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولغان، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆسكەن شانلىق تارىخ. بۇ يىل جۇمھۇرىيەت تارىخىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل. تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىشى ئېلىپ كەلگەن ئېغىر زەربە ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، باشتىن - ئاخىر خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ كۈچىنى توپلاپ كېسەل ئالۋاستىسى بىلەن ئېلىشىپ، جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، غايەت زور قۇربان بېرىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈردۇق. «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىدىغان كۆلەملىك سىياسەتنى ۋاقتىدا چىقىرىپ، يولغا قويۇش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ بىۋاستە كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈپ، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، غايەت زور تۆۋەنلەش بېسىمىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئەسلىگە كېلىش خاراكتېرلىك ئېشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا يەنىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردۇق، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە بولدى. جۇڭگو ئىقتىسادى كۈچلۈك تەرەققىيات ئېلاستىكلىقىنى نامايان قىلدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى پارلاق.

لى كېچياڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى - تاشقى مۇھىتىدا چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالغا قويۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، خىرىسقا بىۋاستە يۈزلىنىپ، زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ بازار سۇبيېكتىنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈشى، ھاياتىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كۈچ قوشۇپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىنى پۇختىلاپ، تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆپەيتىپ، ئاممىا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئوقۇش، كېسەل كۆرسىتىش، كۈتۈنۈش، بالىلارنى ھاۋالىلىك بېقىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي ئىشلارنى ياخشى بېجىرىپ، يۇقۇمنىڭ، كەلكۈن ئاپىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا ياخشى كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىجادىي كۈچىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە قوزغىتىپ، بازارلاشقان، قانۇنچىلاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت - سودا مۇھىتى بەرپا قىلىپ، پائال نەتىجە يارىتىپ يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىشقا تايىنىپ، پۈتۈن يىللىق ئاساسلىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

لى كېچياڭ مۇنداق دېدى: بىز داۋاملىق تۈردە قەتئىي تەۋرەنمەي «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»، «شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش»، «ئاۋمېننى ئاۋمېنلىقلار ئىدارە قىلىش»، يۇكسەك ئاپتونومىيە فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە ئېگىزلىك قانۇنغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئىش بېجىرىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە ئېگىزلىك قانۇننى يولغا قويۇشقا ئالاقىدار تۈزۈم ۋە مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىنى ئالغا سىلجىتىشىمىز كېرەك. تەيۋەنگە قاراتقان خىزمەتلەر توغرىسىدىكى زور سىياسەت - فاڭجېنلارنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىر جۇڭگو پرىنسىپى ۋە «92 - يىل ئورتاق تونۇشى»دا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ھەرقانداق «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە ۋە سىرتنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇپ ۋە ئۇنى توسۇپ، ئىككى قىرغاقنىڭ ئالاقىلىشىشى، ھەمكارلىشىشىنى كۈچەيتىپ، ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ تىنچ تەرەققىي قىلىشى، يۇغۇرما تەرەققىي قىلىشى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئالغا سىلجىتىمىز. تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، ئۆزئارا نەپ يەتكۈزىدىغان ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئىسلاھاتى ۋە قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، خەلقئارا جەمئىيەت بىلەن بىرلىكتە، ئىنسانلارنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن بالدۇرراق غەلىبە قىلىشىغا، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە تۈرتكە بولۇشقا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىمىز.

لى كېچياڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈرەش قىلىشى بىلەن قولغا كەلگەن، ئەتىكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر يەنە ئەمەلىي ئىشلەش ۋە ئىجاد قىلىشقا تايىنىدۇ. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، دۆلىتىمىزنى باي - قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي، ئىناق، گۈزەل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلايلى!

شادىيانە مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مېھمانلار، دوستلار قەدەھ كۆتۈرۈپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 71 يىللىقىنى بىرلىكتە تەبرىكلىدى، جۇڭگونىڭ گۈللىنىشى، بېيىشى، قۇدرەت تېپىشى، خەلقنىڭ بەختى، ئامانلىقى - ساغلاملىقى، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى بىلەن بولغان دوستلۇقىنىڭ مەڭگۈ ياشناپ تۇرۇشى، ھەمكارلىقىنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىغا بىرلىكتە تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خەن جېڭ كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتناشقانلاردىن يەنە: بېيجىڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىرى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، دۆلەت رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ۋە رەھبەرلىك ۋەزىپىسىدىن چېكىنگەن يولداشلار، ھەممە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى، ئىلگىرى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى بولغان يولداشلار بار.

مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرى، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مەسئۇللىرى، دۆلەتنىڭ تۆھپە قوشقان، شەرەپ قۇچقانلارنى تەقدىرلەش مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ۋەكىللىرى، مەملىكەت بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى، مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتى، ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىل زاتلار، بېيجىڭدىكى قىسمەن شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ زاتلىرى، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ زاتلىرى، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە خۋاچياۋ، خۋارېن ۋەكىللىرى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، ھەرقايسى خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى، قىسمەن چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرمۇ كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا قاتناشتى.